ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنىگە نەزەر

# مەملىكەت بويىچە 5 - قېتىملىق ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر بەي ياڭ)** بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۆلىتىمىزنىڭ 5 - قېتىملىق ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى. زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش، تەشۋىقات ئاسما رەسىمى تۈزۈش، دېلو مىسالى ئارقىلىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش... بىر قاتار مول مەزمۇنلۇق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى پائالىيەتلىرى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ۋە توردا، تور سىرتىدا باشلاندى.

ئومۇمىي خەلقنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنچىللىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغدايدىغان قويۇق قانۇنچىللىق كەيپىياتى يارىتىپ، خەۋپسىزلىك خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئەدلىيە مىنىستىرلىقى، مەملىكەتلىك قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى يېقىندا مەملىكەت بويىچە 2020 - يىللىق ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. بۇ يىلقى پائالىيەتنىڭ باش تېمىسى «ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك ۋە غەيرىي ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش».

بۇ يىلقى ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى، «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قانۇنچىللىق بىلەن ھەمسەپەر بولۇش» مەخسۇس قانۇنچىللىق تەشۋىقات ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ئەنئەنىۋى تاراتقۇلار ۋە يېڭى تاراتقۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، توردىكى بىلەن تور سىرتىدىكىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

2020 - يىللىق ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىنىڭ توردىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم پائالىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «جۇڭگو قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش» ئۈندىدار ئاممىۋى سۇپىسى مۇددىتى 20 كۈنلۈك «ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى مۇكاپاتلىق زېھىن سىناش مۇسابىقىسى» پائالىيىتىنى باشلىدى، ھەر كۈنى دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسىگە ئالاقىدار زېھىن سىناش سوئالىدىن بىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىدە قانداق خەۋپسىزلىك قارىشىدا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن» «دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، قانداق دۆلەت خەۋپسىزلىكى رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ئورنىتىش بەلگىلەنگەن»... تور ئەھلىگە يېقىنلاشقان بۇ خىل توردا زېھىن سىناش شەكلى نۇرغۇن تور ئەھلىنى ئاكتىپ قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى پائالىيىتى مەزگىلىدە، ھەرقايسى جايلار بەس - بەستە دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى دەرسى ئۆتۈش، كوچىلاردا تەشۋىقات نۇقتىسى تەسىس قىلىش، ئېلان، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئېلانى تارقىتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، دۆلەت خەۋپسىزلىكى بىلىملىرىنى ئورگان، مەھەللە، مەكتەپ قاتارلىقلارغا كىرگۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرىدا ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىن بولغان بىر قاتار تىپىك دېلو مىساللىرىنى تارقىتىپ، خەۋپسىزلىك خەۋپ - خەتىرىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئالدىنى ئېلىش ساۋاتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغدايدىغان ياخشى جەمئىيەت كەيپىياتى يارىتىدىكەن.

# دۆلەت خەۋپسىزلىكى مۇداپىئە سېپىنى ئورتاق بەرپا قىلىش

## تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ۋە توردا، تور سىرتىدا ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياڭ شۈخەن، چېن چياڭۋېي، جيڭ جۇ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۆلىتىمىزنىڭ 5 - قېتىملىق ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى. تەشۋىقات ئاسما رەسىمى تۈزۈش، دېلو مىسالى ئارقىلىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش... بىر قاتار «ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك ۋە غەيرىي ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش» باش تېمىسىدىكى مول مەزمۇنلۇق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ۋە توردا، تور سىرتىدا قانات يايدۇرۇلدى.

«دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشتا ھەممە ئادەم باش رولچى!» 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭشەن ئولتۇراق رايونىدا سايباغ رايونلۇق ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى تەۋەلىك رايوندىكى ئاھالىلەرگە دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات قوللانمىسىنى تەشۋىق قىلىۋاتاتتى ۋە تارقىتىۋاتاتتى. شۇ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى مەھەللە (كەنت)لەر، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار تەشۋىقات ئاسما رەسىملىرىنى چاپلاپ، تەشۋىقات لوزۇنكىلىرىنى ئېسىپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى تەشۋىق قىلدى؛ مەھەللە كادىرلىرى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىمۇ بەس - بەستە ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلدى، پۈتۈن شەھەر دائىرىسىدە دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنىگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى نۇقتىدىن نۇقتىغا، يۈزتۇرا تەشۋىق قىلىش كەڭ قانات يايدۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى دەرسى ئۆتۈش، كوچىلاردا تەشۋىقات نۇقتىسى تەسىس قىلىش، ئېلان ۋە ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئېلانى تارقىتىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، دۆلەت خەۋپسىزلىكى بىلىملىرىنى ئورگان، مەھەللە، مەكتەپلەرگە كىرگۈزدى.

قابا ناھىيەسى كوچىلاردا تەشۋىقات نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشى ھەم ئۇنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى قاتارلىقلارنى نەق مەيداندا تەشۋىق قىلدى؛ قەشقەر ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى 130 دىن ئارتۇق كادىر - ساقچى يېزا - كەنتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا «دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى ئومۇملاشتۇردى؛ تارباغاتاي چېگرا باشقۇرۇش تارماق ئەترىتى دۆربىلجىن چېگرا باشقۇرۇش چوڭ ئەترىتى خەلق ساقچىلىرىنى چېگرادىكى تەۋەلىك رايونلار، مال بېقىش نۇقتىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قانۇنچىللىق تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى؛ ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئېغىر، زور ھايۋانات، ئۆسۈملۈك يۇقۇمىنىڭ چېگرا ھالقىپ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سىرتتىن كەلگەن تۈرلەرنىڭ بېسىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش قاتارلىق تەشۋىقات - تەربىيەنى قانات يايدۇردى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مىدۇڭ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى دېلو مىسالى ئارقىلىق قانۇننى چۈشەندۈرۈپ، تەۋەلىك رايوندىكى ئاممىغا نېمىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىكەنلىكى، پۇقرالارنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قانداق قوغدىشى كېرەكلىكى قاتارلىق بىلىملەرنى چۈشەندۈردى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ شىمگۇ رايونى شىرىنزىگۇ تەۋەلىك رايونى خۇدىيگۇ مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە ئالاقىدار بىلىملەرنى چارۋىچىلارغا چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئېڭىنى كۈچەيتتى...

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قانۇنچىللىق بىلەن ھەمسەپەر بولۇش» مەخسۇس قانۇنچىللىق تەشۋىقات ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار يەنە ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ئەنئەنىۋى تاراتقۇلار ۋە يېڭى تاراتقۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، توردىكى بىلەن تور سىرتىدىكىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغدايدىغان ياخشى جەمئىيەت كەيپىياتى ياراتتى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق كۆزنەك تور بېكەتلىرى ۋە ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ «ئۈندىدار، مىكرو بلوگ، ئابونچىلار تېرمىنالى» قاتارلىق يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرى دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە ئالاقىدار بىلىملەرنى مەركەزلىك تارقاتتى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق تاكسىنىڭ ئۈستىدىكى چىراغلىق ئېكران ۋە 2000 دىن ئارتۇق خەت مېڭىپ تۇرىدىغان ئېكران، 4000 دىن ئارتۇق ئاممىۋى قاتناش ئاپتوبۇسىدىكى تېلېۋىزور، ئادەملەر زىچ توپلىشىدىغان مەيدان - سورۇنلاردىكى 200 دىن ئارتۇق تالا رەڭلىك ئېكرانلاردا دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى فىلىملىرى مەركەزلىك قويۇلدى؛ باغراش ناھىيەسى چاغانۇر يېزىسى تور ۋە تور سىرتى شەكلى ئارقىلىق ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، QQ ، ئۈندىدار، مىكرو بلوگ، دوۋيىن قاتارلىق يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى مەزمۇنلىرى ھەم ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىن بولغان بىر قاتار تىپىك دېلو مىساللىرىنى مەركەزلىك تارقاتتى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى پۈتۈن شەھەردىكى 245 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى«پۈتۈن شەھەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا بىر سائەتلىك دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى دەرسىنى تەڭ ئۆتۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى، تەربىيەلەنگەن ئوقۇغۇچى 340 مىڭدىن ئاشتى...

# دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى

## دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشتا تۆھپە قوشقان پاش قىلغۇچىلارنى تەقدىرلىدى، مۇكاپاتلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى** 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 5 - قېتىملىق «ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى». دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى، جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى قاتارلىقلاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش قىلمىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنكاس قىلغان پاش قىلغۇچىلار ئىچىدىن لى XX قاتارلىق مۇھىم، زور تۆھپە قوشقان 17 كىشى ۋە چېن XX قاتارلىق مۇھىم تۆھپە قوشقان 59 كىشىنى باھالاپ چىقىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەقدىرلىدى ۋە نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، بولۇپمۇ دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ 12339 پۇقرالارنىڭ پاش قىلىشىنى قوبۇل قىلىش تېلېفونى ۋە تور سۇپىسى ئارقىلىق تەشەببۇسكارلىق بىلەن پاش قىلىدىغانلار، ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىدىغانلار كۆرۈنەرلىك كۆپىيىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا پائال تۆھپە قوشتى. بۇ قېتىم تەقدىرلەنگەن، مۇكاپاتلانغان خادىملار ئىچىدە ھەم ئورگان كادىرلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، پەن تەتقىقات خىزمەتچىلىرى، ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان كوماندىر - جەڭچىلەر بار، ھەم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، مەھەللە ئاھالىلىرى، دېڭىز بويىدىكى بېلىقچىلار، ئىشلەمچىلەر قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گۇمانلىق كىشىلەرنىڭ ئالاقە تورى ئارقىلىق ئازدۇرۇش، تەكلىپ قىلىش، دوستلىشىش قاتارلىق ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، دۆلىتىمىز چېگراسى ئىچىدىكى خادىملار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ۋە ئۇلارنى ئاسىيلىق قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، جاسۇسلۇق، مەخپىيەتلىكنى ئوغرىلاش قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. بەزىلىرى ئارقا كۆرۈنۈشى ئالاھىدە بولغان چېگرا سىرتىدىكى قىسمەن شىركەت ۋە خادىملارنىڭ ئاتالمىش تور ھەمكارلىقى، ۋاكالەتچىلىك ياكى سەيلە - ساياھەت قىلىش قاتارلىق ناملار بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا، بىيولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەھۋاللىرىنى توپلاۋاتقانلىقىنى ئىنكاس قىلغان. بەزىلىرى دېڭىزغا چىقىپ بېلىق تۇتقاندا، دۆلىتىمىز دېڭىز تەۋەلىكىدىن سۇ ئاستىدىكى گۇمانلىق مەخپىيەتلىكنى ئوغرىلاش قورۇلمىسىنى سۈزۈۋالغان. يەنە بەزىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ھەربىي نىشانلىرى ئەتراپىدا مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇش يوشۇرۇن خەۋپى ساقلانغانلىقى قاتارلىقلارنى بايقىغان. بۇ ئەھۋاللار ۋە يىپ ئۇچلىرى دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ دېلولارنى تەكشۈرۈپ بېجىرىپ، خەۋپسىزلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، توسۇش ۋە ئۇنى قانۇن بويىچە جازالىشىنى كۈچلۈك مەدەت بىلەن تەمىنلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، «دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى ئومۇمىي خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش، ئومۇمىي خەلق ئورتاق بەھرىمەن بولۇش»نىڭ ئۈنۈملۈك ئەمەلىيىتى، يېڭى دەۋردىكى «خەلقنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش»نىڭ جانلىق كارتىنىسى.

دۆلەت خەۋپسىزلىكى ھەممىدە خەلقنى كۆزلەيدۇ، ھەممىدە خەلققە تايىنىدۇ. دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشتىن - ئاخىر مەخسۇس خىزمەت بىلەن ئاممىۋى لۇشيەننى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈچلىرىنى كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك قىلمىشلارغا قەتئىي زەربە بېرىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغدايدىغان پولات سېپىلنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نامراتلارنى يۆلەش تەكرار قەرز پۇلىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدا ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ %90تىن تۆۋەن بولماسلىقىغا، ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىنىدىغان ئون ناھىيەنىڭ نامراتلارنى يۆلەش تەكرار قەرز پۇلىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ ئالدىنقى يىلدىكىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن تۆۋەن بولماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى سېلىنمىسىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، نامرات ناھىيەلەردىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ مەركىزىي بانكا مەبلىغىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىش سىياسىتىنىڭ ئۈنۈمىنى باھالاشنى كۈچەيتىپ، ناھىيە رايوندىكى قانۇنىي ئىگە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن ئامانەت پۇلىنىڭ بەلگىلىك نىسبەتتە يەرلىكنىڭ قەرز پۇل ئېلىشىغا ئىشلىتىلىشىنى تەكشۈرۈپ باھالاشنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈپ باھالاشتا ئۆلچەمگە يەتكەن پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ نورمال ئۆلچەمدىن بىر پىرسەنت پۇئىنت تۆۋەن ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى ئىجرا قىلىپ، ناھىيە رايوندىكى قانۇنىي ئىگە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى يېڭىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇل بىلەن ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئالدىن قاندۇرۇشقا، يېڭىدىن كۆپەيگەن پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى ئېغىر نامرات رايونلارغا ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

«لايىھە»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: نامراتلارنى يۆلەش ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل سىياسىتىنىڭ ئىزچىللىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاپ، داۋاملىق تۈردە نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلىنى تۇتقا قىلىش ئارقىلىق، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان نامرات ئاھالە ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاھالىلەرگە قارىتا، ئۇلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىش، داۋاملىق قەرز پۇل ئېلىش ۋە قەرەلنى ئۇزارتىش تەلىپىنى مۇۋاپىق قاندۇرۇپ، «قەرز پۇل ئېلىشقا بولسىلا، ئىمكانقەدەر قەرز پۇل بېرىش»نى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇش، دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئوقۇشى، نامراتلارنى كۆچۈرۈپ يۆلەش قاتارلىق جەھەتلەردە پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق قوللاشنى كۈچەيتىپ، ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى تۈردىكى قەرز پۇلىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن يۇقىرى بولۇشىنى، ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنىڭ ئامانەت - قەرز نىسبىتىنىڭ بىرقەدەر زور دەرىجىدە ئۆسۈشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

«لايىھە»دە يەنە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى قانات يايدۇرۇشتا يېتەكلىك ياردەم بېرىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، نامرات رايونلارنىڭ پۇل مۇئامىلە مەدەنىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كەنتتە تۇرۇش نۇقتىسىدا نۇقتا بەلگىلەپ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش، نامرات رايونلارنىڭ پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، پۇل مۇئامىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىنى پائال ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

«لايىھە»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى مەركەزنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قوللىشىنى ھازىرقى بىر تۈرلۈك ئاچقۇچلۇق سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇشى، ياخشى تۇتۇشى كېرەك؛ شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى قوللاش قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملىشى كېرەك؛ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ئەھۋالىنى قەرەللىك ئېلان قىلىپ، ھەرقايسى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ لايىھەنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئىلگىرىلەش سۈرئىتى، ئۈنۈمى قاتارلىقلارغا بولغان داۋاملىق ئىز قوغلاپ ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى قوللاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون «يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى قوللاش توغرىسىدىكى 16 ماددىلىق تەدبىر»نى ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش كاپالىتى، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ماھارەت جەھەتتىن تەربىيەلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگە پائال يېتەكچىلىك قىلدى، ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون كەينى - كەينىدىن 347 مەيدان توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئاچتى. 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگە قەدەر، توردا تەكلىپ قىلىشقا تىزىملىتىپ قاتناشقان ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار ھەم يەككە سودا - سانائەتچىلەر 5112گە يېتىپ، 62 مىڭدىن ئارتۇق تۈرلۈك ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى، 12 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قېتىم ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى، 6900دىن ئارتۇق ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتى.

ھازىر، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان شىنجاڭ يۇمشاق ماتېرىيال باغچە رايونىغا 200دىن ئارتۇق ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق تېخنىكا كارخانىسى ماكانلاشتى. كارخانىلارنىڭ تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ يۇمشاق ماتېرىيال باغچە رايونى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 2 - ئايدىن باشلاپ باغچە رايوندىكى كارخانىلارنىڭ ئۈچ ئايلىق ئۆي ئىجارىسىنى كەچۈرۈم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭىدىن ماكانلاشقان كارخانىلارغا ئۆي ئىجارىسىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش جەھەتتە ئېتىبار قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى ئىستېمال بۇيۇملىرى سانائىتى باشقارمىسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى ۋاڭ كەيشۆن مۇنداق تونۇشتۇردى: سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى كېيىنكى قەدەمدە ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەر بىلەن ھەر كۈنى تېلېفون، ئۈندىدار ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ يۆلەش خاراكتېرلىك سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش كاپالىتى، ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەم بېرىپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.